# شىنجاڭ غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى

گو پىڭلياڭ

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ تومتاقلا ئېيتىلسا، بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغانلار يوق، چۈنكى ھازىرقى رېئاللىق ئەنە شۇنداق. ئەمدى كونكرېت قىلىپ، شىنجاڭ قاچاندىن باشلاپ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، بۇ ھەقتىكى ئېيتىشلار ئوخشاش ئەمەس. بىز ئېيتىمىزكى، شىنجاڭ ـ غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر بولسا بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي باشقىچە گەپلەرنى قىلىشىدۇ. ئەمىسە، زادى كىمنىڭ توغرا؟ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم سۇبيېكتىپ ئارزۇ ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ پاكىت. شۇنداق ئىكەن، بىز تۆۋەندىكى مۇنۇ تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

پادىشاھ ۋۇدى، جاۋدى دەۋرلىرىدە، خەن سۇلالىسى شىنجاڭ بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بارغانسېرى يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ھازىرلىغان؛ لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىلا شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى تېخى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى يولغا قويمىغان، دېمەك، ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى شىنجاڭدا تېخى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلمىگەن. پادىشاھ شۈەندى زامانىدا، ئوبيېكتىپ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، خەن سۇلالىسى ئاۋۋال كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە پىشاھشانىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى ئەلچى، جەنۇبىي يول قوروقچىسى تەسىس قىلدى. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 60 ـ يىلى، ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى باتىسقان خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى پىشاھشانىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى ئەلچىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرت قوروقچى بەگ مەھكىمىسى (دۇخۇفۇ 都护府) تەسىس قىلدى، مەھكىمىنىڭ ئورنى ئوررى شەھىرى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ تەۋەسى) دە بولدى.

غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى غەربىي يۇرتتىكى 36 ئەل ۋە ئۇيسۇن ئېلى قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مىلادىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا كەلگەندە، ۋاڭ ماڭنىڭ چېگرا رايونلارغا قاراتقان خاتا سىياسىتى سەۋەبىدىن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، لېكىن شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىنكى چاغلاردا مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئىككى قېتىم چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان باشقا ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە تاكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر ئۈزلۈكسىز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. «خەننامە» دە غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ زور تارىخىي ۋەقە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «خەن خاندانلىقىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا ئىجرا قىلىنىدۇ!» بۇ سۆز ناھايىتى مۇھىم، ئۇنىڭدا قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى توغرا ئېچىپ بېرىلىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەرلىك بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەمىر - پەرمانلىرى» نىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

بىراق، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرىدا ئايماق (ۋىلايەت) - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شىنجاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بولسا ئەسلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويۇلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى 36 ئەل بولسۇن، كېيىنكى چاغدىكى 50 نەچچە ئەل بولسۇن ۋە ئۇيسۇن قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى ئەللەر بولسۇن، ئۇلار ئۆز رايونلىرىدا، ئۆز مىللەتلىرىگە بۇرۇنقىدەكلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ خان، بەگ، كۈنبېي، يابغۇلىرى بۇرۇنقىدەكلا خان، بەگ، كۈنبېي،

يابغۇ بولۇۋەرگەن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمۇ بۇرۇنقىدەك تۇرۇۋەرگەن. ئىلگىرىكىدىن پەرقلىنىدىغىنى پەقەتلا شۇكى، ئۇلار خەن خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغان، خان، بەگ، كۈنبېي، يابغۇلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن تامغا بېغى تاقايدىغان بولغان، قىسقىسى، خەن سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا قوللىنىلغان بۇ خىل سىياسەت ئەينى چاغلاردا ئۆزىگە قارىتىۋېلىش سىياسىتى دەپ ئاتالغان. بۇ سىياسەت ناھايىتى ئۈنۈملۈك سىياسەت بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، يەرلىك بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇسى ۋە ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىنغان، بۇ چېگرا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنگە، ئوتتۇرا جۇڭگوغا بولغان ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تولىمۇ پايدىلىق بولغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلغانلىقى شەك - شۈبھىسىز، مادامىكى، بۇنداق ئىدارە قىلىش خەن سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئەگىشىپ يوقالغان بولسا، ئۇ ھالدا شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى دېيىشكىمۇ بولمايتتى. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ؟ چۈنكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدە مەلۇم ئىزچىللىق ۋە نىسپىي مۇقىملىق بولۇشى شەرت، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ تارىختا غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىپ بولىدۇ، خالاس. مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىردە پارس ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغانىدى، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنىڭ بىلەنلا ئىران ۋە ئىراقنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ ئالغىنى يوق؛ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى IV ئەسىردە قەدىمكى يۇناننىڭ ئىمپېراتورى ئالېكساندىر پېرسىيەنى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانىدى، لېكىن بۇ جايلارمۇ شۇنىڭ بىلەنلا ھازىرقى گرېتسىيەنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغىنى يوق؛ ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيەسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، بۇ جايلارمۇ شۇنىڭ بىلەنلا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغىنى يوق، بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئەنە شۇ يەردە. جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە

قىلىشى بولسا ئۇلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ئىدارە قىلىش خەن سۇلالىسىدىن باشلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىدارە قىلىشقا ئۆتكەن دەۋرلەردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغا قەدەر ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى، ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ۋە يېقىن زاماندىن بۇيان روسىيە، ئەنگىلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر تاجاۋۇز قىلغان زېمىنلارمۇ ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى سۇلالىلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن دائىرە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. تۆۋەندە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىلادى III ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئېلىمىزدە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن دەۋرمۇ بولغان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تىركىشىش دەۋرىمۇ بولغان، يەنە شۇنىڭدەك بىر قانچە خاندانلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرمۇ بولغان. بۇنداق سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار شىنجاڭغا قارىتا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە داۋاملىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان غەربىي يۇرت دورغابېگى، چېرىكچى بەگ دېگەن ئەمەللەر ساۋۇدي، غەربىي جىن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ تاكى IV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولغان، ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تۇرپاندىن لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە بولۇپ، باشقا ئازسانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى بىلەنمۇ ئالاقە باغلىغان، قېزىۋېلىنغان غەربىي يۇرت دورغابېگى لى بونىڭ خەت - چەكلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قوللانغان مۇھىم تەدبىرى — ئايماق - ناھىيە تۈزۈمى مىلادى 327 - يىلى شىنجاڭدا پەيدا بولۇپ، قوجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. قوجۇ ئايمىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئايماق - ناھىيىلەرگە ئوخشاش ئىزچىل تۈردە ئوخشاش بىر خاندانلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن. قوجۇ ئايمىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەسىس قىلىنغان ئايماق - ناھىيىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئاھالە ئىچكى رايونلاردىن بۆز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلەر ۋە كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىدىن ئېلىپ ئېيتـ

قاندا، كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىدى. شىمالىي ۋېي خاندانلىقى قارا شەھەر، پىشامشان قاتارلىق جايلاردا ھەربىي قورۇق تەسىس قىلىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئامبار ياساپ، شىمالدىكى جۇجانلار بىلەن، جەنۇبتىكى جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشقان. سۈي سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا يەنە ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) ئايمىقى، پىشامشان (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ جەنۇبى) ئايمىقى، چەرچەن ئايمىقى قاتارلىق ئايماقلارنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا ئايماق - ناھىيە تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرغان. بۇ مەزگىللەردە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى، مەسىلەن، ئۈيسۈن (ھازىرقى ئىلى)، يۈەبان (ھازىرقى ئىلى)، قاڭقىل (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، تېلې (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، غەربىي تۈرك (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، كېپەنتۇ (ھازىرقى تاشقورغان)، سۇلې (ھازىرقى قەشقەر)، كۈسەن (ھازىرقى كۇچا)، كىنگىت (ھازىرقى قارا شەھەر) قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى ۋە قوچۇدىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى بولارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ساۋۇيى، غەربىي جىن، شىمالىي لياڭ، ئالدىنقى چىن ھەمدە شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر، سۈي سۇلالىسى قاتارلىق خاندانلىقلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن، مەسىلەن، ئەمەل - ئۇنۋان ئېلىش، پادىشاھ - خانلار ئۆزلىرى بىۋاستە بېرىپ ياكى ئەلچى ئەۋەتىپ خاقانغا سوغا - سالام يوللاش، ئوغۇللىرىنى ئوردىغا «بارىمتاي» تۇرغاق بالا قىلىپ ئەۋەتىش، خاندانلىق تەرىپىدىن بېرىلگەن دەستەك، گۇۋاھنامىلەرنى قوبۇل قىلىش ھەم ئىشلىتىش ۋە باشقىلار. مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالدىنقى چىن خاندانلىقى لۈگۇاڭنى كۈسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ئىلگىرى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن دەستەك، گۇۋاھنامىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، لۈگۇاڭدىن ئالدىنقى چىن خاندانلىقىنىڭ دەستەك، گۇۋاھنامىسىگە ئالماشتۇرۇۋالغان. «دەستەك» — ئەلچىلىك (يالاۋاچلىق) سالاھىيىتىنىڭ بەلگىسى، «گۇۋاھنامە» — قوۋۇق ۋە قاراۋۇلخانىلاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىسپات خېتى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇق سىمۋولى ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ داڭلىق قاغانى ئىزۇق چۇلۇ قاغان ئۆزى بېرىپ پادىشاھ ياڭدى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دە قېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بولغان، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلارنىڭ بەزىلىرى يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپلا

قالماستىن بەلكى قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە يازما ھۆججەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۆلەتنى چوڭ بىرلىككە كەلتۈرگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭگو دۆلىتى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى يېڭى باسقۇچقا سىلجىتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان رايونىدا بېشبالىق، ئېۋىرغۇل، يۇرپان (شىجۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ ئوبلاست (ئايماق) تەسىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئايماق - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلار ئىلگىرىكىدىن كېڭەيدى. ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتى خانلىقى، سۇلېدىكى پېي جەمەتى خانلىقى، كۇسەندىكى بەي جەمەتى خانلىقى، قاراشەھەردىكى يۇ جەمەتى خانلىقى، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى، تۈركەش، قارلۇق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى يەنىلا ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتى، ئۆز قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ھەم ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى شەرت ئىدى. تاڭ خاندانلىقى بۇ رايونلار، مىللەتلەر، قەبىلىلەردە قورۇقچى بەگ مەھكىمىلىرى، تۇتۇق بەگ مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىپ، شۇ رايون، شۇ مىللەت، شۇ قەبىلە باشلىقلىرىنى قورۇقچى بەگ، تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. تاڭ خاندانلىقىنىڭ سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا، مەدەنىيىتىگە مۇھىم ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، جۇڭگو تارىخىدا يەنە بىر نەچچە خانلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولغان ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇ چاغدىمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خانلىقلار بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت — بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قارا خانىلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇدۇندا ئايرىم ھالدا، لياۋ سۇلالىسىگە قاراشلىق ئۇلۇغ خان مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قوچۇ ئىدىقۇتى، ئۇدۇن خانى ۋە لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار باشقۇرغانىدى؛ قوچۇ ئىدىقۇتى ۋە ئۇدۇن خانى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى تاغىمىز دەپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ جىيەنى دەپ ئاتىدى، بۇنىڭدا

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى بولغان قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىمۇ بىلدۈرۈلگەن. كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، قارا خانىلار خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خاندانلىقنىڭ مۇناسىۋىتى گويا يىراقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن خاقان ئۆزىنىڭ ئۇنۋان نامىغا كۆپ ھاللاردا «تاۋغاچ خان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن؛ X ئەسىردە پارىسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن مەشھۇر ئەسەردە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنى جۇڭگوغا تەۋە جاي دەپ يازغان؛ XI ئەسىردە ئەرەبچە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر — مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، چىن (جۇڭگو) نى يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن، تۆۋەنكى چىن دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىغان، قەشقەرنى تۆۋەنكى چىن دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قارا خانىلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى يەنى ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىنى شۇ چاغدىكى كىشىلەر جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارىغان. غەربىي لياۋ (قاراقىتانلار) قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئالغانلىقى ئەمەلىيەتتە، لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋاملىشىشى، كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئىدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت زېمىنىمۇ شىنجاڭنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بېشبالىقتا ۋازارەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى جۇڭگونىڭ ۋازارەت تۈزۈمى دەسلەپتىلا شىنجاڭدا يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى كېيىنكى چاغلاردا ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئومۇمىي كەۋدىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. غەربىي شىمالدىكى خانلارنىڭ توپىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى (قۇبىلاي) ئۆزىنىڭ بىر ئوغلىنى ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) قا بېرىپ قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. چاغاتاي خانلىقى يۈەن سۇلالىسى بىلەن كۆپ يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىڭگىزخان دەۋرىدە تۈزۈلگەن شۇ جاينىڭ نوپۇس دەپتىرىنى 1308 - يىلى، يۈەن سۇلالىسىگە يوللاپ بەرگەن، دېمەك ئۇ قىلچە مۇجمەلسىز ھالدا ئۆزىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى

بىلدۈرگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشى شىنجاڭنىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گوبىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بىلەن شىنجاڭ يەنىلا ئەسلىدىكى موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل قورۇقى تەسىس قىلدى ھەمدە بېشبالىق (كېيىن ئېلىبالىق ياكى موغۇلىستان، ياكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان) قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئوتتۇغات، ئەمەل بېرىش ۋە سوۋغا - سالام قوبۇل قىلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلدى. شۇ چاغلاردا سوۋغات ئېلىپ بارغان ئەلچىلەر ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرچە يېزىلغان خەت - ئالاقىلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، جۇڭغارلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۈچ ئەمەس ئىدى، ئۇلارمۇ خېلى بۇرۇنلا چىڭ خاندانلىقىغا تارتۇق يوللاپ تۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىلىدا جاڭجۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلدى، ھازىرقى ئۈرۈمچىدىن بارىكۆلگىچە بولغان جايلار گەنسۇغا قارايتتى. يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى، مەسىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىم بەگلىرى، قازاقلارنىڭ خان ياكى بېيلىرى، بۇيرۇت (قىرغىز) لارنىڭ بېيلىرى يەنىلا ئۆز مىللىتىنى، ئۆز رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى شۇلار ئارقىلىق يۈرگۈزگەنىدى. بۇ خىل بېقىندۇرۇش سىياسىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىزەچە بولسىمۇ داۋاملىق ئوبدان رول ئوينىغان، يەنى ھۆكۈمران مىللەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بىر قەدەر پايدىلىق بولغان دېيىلسە، كېيىنكى چاغلاردا، يەنى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئالدىدا، بۇ سىياسەت تولىمۇ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتتى. تاجاۋۇزچىلار ئېلىمىز زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس زېمىنىنى ئۆز مەيلىچە كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويغانىدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنى يوقاتتى ۋە ئىلىنى روسىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالدى، ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىگە قانداق قاراش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۈپ ئىختىلاپ مەۋجۇت. بىز شۇنداق قارايمىزكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى — جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە داۋاملىق يۈرگۈزگەنلىكىدۇر؛ بۆلگۈنچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ قانداقتۇر چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ئەمەس، بەلكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ «يېڭى زېمىنى»، «يېڭى چېگرا رايونى» غا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى ئىمىش. ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى سۈرۈپ، 1644 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا ئاپىرىپ، شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە بۇلاشتىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن تەڭ قاتاردا قويماقچى بولىدۇ. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق چېگرا رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار شۇنى دەستەك قىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدا يۈزبەرگەن بارلىق قوزغىلاڭ، مالىمانچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ قاراپ، ئۇنى «خەلق قوزغىلىڭى» دەپ ئاتىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار چەت ئەل تاجاۋۇزچىسى ياقۇپبەگنىمۇ «مىللىي قەھرىمان» دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغانلىقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى «مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى» نىڭ كۈچەيتىلگەنلىكى بولارمىش. بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي گەپ سېتىشىدىكى مۇھىم نۇقتا دەل ئەنە شۇ. بۇ سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىدىغان پاكىت يەنىلا تارىخنىڭ ئۆزى. بىرىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا 1800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يۈرگۈزۈپ كەلگەن دۆلەت ئىگىلىك

ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزگەنلىكىدۇر. بۇنى باشقا دۆلەتلەرگە بېسىپ كىرىپ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدىغان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ ئىككىنچى، يېقىنقى زامان مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقى كاپىتالىزمنىڭ ئېپتىدائىي جۇغلانما توپلىشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوۋلايدىغان نىشانى — بازار، ئەمگەك كۈچى، خام ئەشيا، قۇل سودىسى ھەددە بايلىق قاتارلىقلار. بىز مىكروسكوپنىڭ يارىدىمىگە تايانغان بىلەنمۇ، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئوۋلىغانلىقىنىڭ بىزەچە ئىزىنىمۇ تاپالمايمىز. ئۈچىنچى، 1840 - يىلىدىكى ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو (جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ كەڭ رايونلىرى) دا ھەقىقەتەن مۇستەملىكىچىلەر پەيدا بولدى، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەمەس، بەلكى غەربتىكى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىدى. قىسقىسى، شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ يەكۈننى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ

